# شى جىنپىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا زامبىيە ۋە پەلەستىن دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو تەرەپ ئالاقىدار تەدبىرلەرنى چىڭ تۇتۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈۋاتىدۇ، داۋاملىق تۈردە زامبىيە قاتارلىق ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تىرىشچانلىقىنى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىنى قۇربىنىڭ يېتىشىچە قوللايدۇ. زامبىيە تەرەپنىڭ داۋاملىق تۈردە زامبىيەدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى ۋە كارخانىلىرىنىڭ تۇرمۇشى، خىزمىتىنى كاپالەت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو بىلەن زامبىيەنىڭ دوستانە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ياخشى ۋەزىيەتنى ساقلاپ كەلدى، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئۆزئارا قوللىدى. يۇقۇم گەرچە ئىككى دۆلەتنىڭ يۈزتۇرا ئالماشتۇرۇشىغا قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما جۇڭگو بىلەن زامبىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ھەمكارلىقى ئىزچىل ئالغا سىلجىتىلدى. جۇڭگو تەرەپ زامبىيە تەرەپ بىلەن جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، جۇڭگو - ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، جانلىق، كۆپ خىل شەكىللەرنى تەتقىق قىلىپ قوللىنىپ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىشنى خالايدۇ. ئىككى تەرەپ ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قەتئىي قوغداش، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوغداش، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. بۇ قېتىمقى قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق، جۇڭگو - زامبىيە مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەگە قەدەم قويۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

لۇڭگۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: زامبىيە تەرەپ زامبىيە - جۇڭگو دوستلۇقىنى يۈكسەك قەدىرلەيدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ كۆپ يىللاردىن بۇيان زامبىيەنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى زور مىقداردىكى قىممەتلىك ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. زامبىيە تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو - ئافرىقا ئىتتىپاقلىشىپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئالاھىدە باشلىقلار يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەشەببۇسى، كۆز قارىشىنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ ئافرىقىنىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى مەدەت بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسى ھەممىدە ۋاكسىنا، داۋالاش دورىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى نەتىجىلىرىنىڭ ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئىشەنچىنى ئاشۇرىدىغانلىقى ھەم مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇڭگو زامبىيە خەلقىنىڭ ئۇلۇغ دوستى. جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە، زامبىيە قەتئىي ھالدا جۇڭگو بىلەن بىر سەپتە تۇرىدۇ. زامبىيە تەرەپ داۋاملىق بىر جۇڭگو سىياسىتىگە قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شياڭگاڭ، شىنجاڭ قاتارلىق مەسىلىلەردىكى ھەققانىي مەيدانى ۋە تەدبىرىنى قەتئىي قوللايدۇ. زامبىيە تەرەپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ زامبىيەگە بېرىپ مەبلەغ سېلىپ ھەمكارلىشىشىنى قارشى ئالىدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن زىچ ئالاقىلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى قوغداشنى خالايدۇ.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 7 - ئاينىڭ 20 - كۈنى كەچتە پەلەستىن دۆلىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ئابباس بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن پەلەستىن ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغانلىقىغا قارىتا سەممىي ھال سورايدىغانلىقى ۋە قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن پەلەستىن ياخشى قېرىنداشلار، ياخشى دوستلار، ياخشى ھەمراھلار، ئىككى تەرەپ باشتىن - ئاخىر ئۆزئارا ئىشىنىپ، بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئۆزئارا قەتئىي قوللىدى. بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈزبەرگەندىن بۇيان، جۇڭگو تەرەپ پەلەستىن تەرەپنى كۆپ تۈركۈمدە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بىلەن تەمىنلىدى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تېببىي داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى، كۆپ قېتىم جۇڭگو - پەلەستىن سەھىيە مۇتەخەسسىسلىرىنى سىنلىق پىكىر ئالماشتۇرۇشقا تەشكىللىدى ھەم پەلەستىن مۇساپىرلىرىغا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ياردىمى بەردى. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تۈردە پەلەستىن تەرەپ بىلەن تەجرىبىلەردىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدۇ، قۇربىنىڭ يېتىشىچە ماددىي ئەشيا ۋە تېخنىكا مەدەتى بىلەن تەمىنلەيدۇ ھەم پەلەستىن تەرەپنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن پەلەستىننىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشىغا پايدىلىق تۈرلەرنى داۋاملىق يولغا قويۇپ، پەلەستىن خەلقىگە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى نەپ يەتكۈزىدۇ. جۇڭگو تەرەپ پەلەستىن قاتارلىق ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، كۆپ تەرەپچىلىكنى قوللاپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا ئورتاق تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پەلەستىن مەسىلىسى باشتىن - ئاخىر ئوتتۇرا شەرق رايونىدىكى يادرولۇق مەسىلە بولۇپ، رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىققا مۇناسىۋەتلىك، ئىنسانىيەتنىڭ ۋىجدانىغا مۇناسىۋەتلىك. جۇڭگونىڭ پەلەستىن مەسىلىسىدىكى مەيدانى ئىزچىل، ئېنىق. بىز پەلەستىننىڭ ھەققانىي تەلىپىنى قەتئىي قوللايمىز، پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پايدىلىق بارلىق تىرىشچانلىقلارنى قوللايمىز. جۇڭگو تەرەپ «ئىككى دۆلەت لايىھەسى»نىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش، باراۋەر سۆزلىشىش ۋە سۆھبەتلىشىشتە چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، خەلقئارا جەمئىيەت ئوبيېكتىپ، ئادىل مەيداندا چىڭ تۇرۇپ، تىنچلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش تىرىشچانلىقىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ پەلەستىن مەسىلىسىنى ئومۇميۈزلۈك، ئادىل، ئۇزاق مۇددەتلىك ھەل قىلىشنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن داۋاملىق پائال تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

ئابباس مۇنۇلارنى بىلدۈردى: پەلەستىن تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن مۇھىم نەتىجىلىرىگە يۈكسەك باھا بېرىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ دەل ۋاقتىدا پەلەستىننىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بەرگەنلىكىگە، پەلەستىن مەسىلىسىدە باشتىن - ئاخىر ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى ياقىلىغانلىقىغا، پەلەستىن خەلقىنىڭ ھەققانىي ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغدىغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتىدۇ. ئەمەلىيەت شۇنى قايتا - قايتا ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو پەلەستىن خەلقىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستى. پەلەستىن تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق بىر سەپتە چىڭ تۇرۇپ، شياڭگاڭ، شىنجاڭ قاتارلىق جۇڭگو تەرەپنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە جۇڭگو تەرەپنىڭ ھەققانىي مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ. پەلەستىن تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ ئادىل ھەل قىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇشتا تېخىمۇ مۇھىم رول ئوينىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

(بېشى 1 - بەتتە)

زىيارەت خاتىرىسى «شى جىنپىڭ فۇجيەندە» جەمئىي 23 پارچە بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ فۇجيەندە خىزمەت قىلغان ۋاقتىدىكى ئاساسلىق كەچۈرمىشلىرى ئوخشىمىغان نۇقتىدىن خاتىرىلەنگەن، ئۇنىڭ «مىنجياڭ دەرياسى ئېغىزىدىكى ئالتۇن ئۈچ بۇرجەك ئىقتىساد چەمبىرىكى»نى بەرپا قىلىشقا رەھبەرلىك قىلىش ۋە تۈرتكە بولۇش، «دېڭىز ئۈستىدىكى فۇجيەن» بەرپا قىلىش، شەھەرنىڭ مەدەنىيەت تومۇرىنى قوغداش، كونا شەھەرنى ئۆزگەرتىش، خەلق تۇرمۇشىغا چىن قەلبىدىن كۆڭۈل بۆلۈش، كادىرلارنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈپ زىيارەت قىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىش، «دەرھال بېجىرىش»نى تەشەببۇس قىلىش قاتارلىق تەسىرلىك ھېكايىلىرى بايان قىلىنغان بولۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يىراقنى كۆزلەپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆڭلىگە پۈكۈشتەك ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇرى، دادىل تەدبىر قوللىنىپ، ئىلمىي تەدبىر بەلگىلەيدىغان رەھبەرلىك سەنئىتى، پۇختا قەدەم ئالىدىغان، ئەستايىدىل، ئەمەلىيەتچىل خىزمەت ئىستىلى، خەلققە رىشتە باغلاپ، چىن ھېسسىياتى بىلەن خەلقنىڭ قەلبىنى ئىللىتىدىغان سادىق قەلبى ئومۇمىيۈزلۈك نامايان قىلىنغان.

تارىخ فۇجيەندىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى خاتىرىلىدى، شۇنداقلا شى جىنپىڭنىڭ رەھبەرلىك سالاپىتىنىمۇ خاتىرىلىدى. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار بۇ كىتابنى ئۆگىنىپ، كىتابتىكى ھېكايىلەردىن چوڭ داۋلىلارنى چۈشىنىپ، ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىدىن زور مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى ھېس قىلىپ، كۈرەش مۇساپىسىدىن زور ئەقىل - پاراسەتكە ئېرىشىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىدىن كاتتا دەۋرنى كۆزىتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ نەزەرىيە لوگىكىسى ۋە ئەمەلىيەت لوگىكىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش ئاڭلىقلىقى ۋە قەتئىيلىكىنى كۈچەيتەلەيدۇ.

## ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى ياخشى قوغداش كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ۋە دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىش، ئالاھىدە ئىشنى ئالاھىدە بېجىرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ، مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي دوختۇرخانىنى قۇرۇش، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملاش كېرەك. قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ، تەمىنات كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تېزدىن دەل جايىدا سەپلەپ، خادىملارنى تەربىيەلەش، بىرلەشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، ئەسلىھە، ئۈسكۈنىلەرنى تەڭشەپ سىناش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشنى ياخشى ئىشلەشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىنى ياخشى قوغداش كېرەك.

لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئېلان قىلغان ئەڭ يېڭى دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسىنى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، دىياگنوز قويۇش - داۋالاش تەرتىپىنى ئەلالاشتۇرۇپ، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئېغىر ئاغرىقلارغا قارىتا «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» قوللىنىپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ھاۋا ئالماشتۇرۇش، دېزىنفېكسىيەلەشكە دىققەت قىلىپ، تېببىي خادىملارنىڭ ساغلاملىقىنى كۈندىلىك كۆزىتىش - ئۆلچەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇملىنىپ قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تېببىي خادىملارغا كۆڭۈل بۆلۈپ، كۆيۈنۈپ، غەم - ئەندىشىدىن خالاس قىلىپ، ئۇلارنى تولۇپ تاشقان ياخشى روھىي ھالەتتە يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جېڭىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلاندۇرۇش كېرەك.

شىنجاڭ جىخۇا 7555 كەسپىي فورما چەكلىك شىركىتىنىڭ نۆۋەتتە ھەر كۈنى 5000 يۈرۈش مۇداپىئە كىيىمى ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىقىنى، شىنجاڭ جىنتىيەنشەن داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ ھەر كۈنى 400 مىڭ دانە ماسكا ئىشلەپچىقىرالايدىغانلىقىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، لى پېڭشىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تەييارلىق كۆرۈپ قويۇپ ئىشلەتمىسەك بولىدۇكى، لېكىن ئىشلىتىدىغاندا تەييارلىق بولمىسا بولمايدۇ، مۇھىم ھالقىنى تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش بىلەن پۈتۈن ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىش، يىراق كەلگۈسىگە ئېتىبار بېرىشكە تەڭ ئەھمىيەت بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپتىكى كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك چارە - ئاماللار بىلەن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ كاپالەتلەندۈرۈشنى ياخشى ئىشلەپ، سېتىۋېلىش ۋاقتىدا بولۇش، زاپىسى تولۇق بولۇش، تارقىتىش جايىدا بولۇش، كاپالەت كۈچلۈك بولۇش، بازار تەكشى، مۇقىم بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان كارخانىلار پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىشنى زورايتىشى كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، توشۇش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ماددىي ئەشيالارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، تەقسىملەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى بىرىنچى ۋاقىتتا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان ئاساسىي قاتلامنىڭ بىرىنچى سېپىگە تارقىتىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

## بارلىق ئاغرىق مىساللىرىنى داۋالاش ئۈنۈملۈك، كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلىق بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

نۆۋەتتە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنىڭ ھەممىسى ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا قوبۇل قىلىنىپ داۋالىنىۋاتىدۇ. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن دوختۇرخانا باشلىقى سۇڭ يۈشيانىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ دوختۇرخانا دەسلەپكى لايىھە بويىچە داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنى ئالدىن تەييارلاپ، تېزدىن كېلىنىكىدا جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش - داۋالاش ئەترىتى قۇرۇپ، مەنپىي بېسىملىق كېسەلخانىنى ۋاقتىدا ئاجرىتىپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوبۇل قىلىپ داۋالىغان. گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، بۇ دوختۇرخانا دىياگنوز قويۇش - داۋالاش لايىھەسى ۋە تەرتىپىنى يەنىمۇ ئەلالاشتۇرۇپ، «بىر ئادەمگە بىر تەدبىر» قوللىنىپ، كۆپ پەنلەر ماسلىشىپ قۇتقۇزۇش - داۋالاش ۋە جۇڭيى تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتى بويىچە داۋالاشنى يولغا قويۇپ، ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغان. نۆۋەتتە، بارلىق ئاغرىق مىساللىرىنى داۋالاش پائال ئۈنۈملۈك، كېسەللىك ئەھۋالى تۇراقلىق بولۇۋېتىپتۇ.

ئۈرۈمچى شەھىرىدە بۇ قېتىم يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئالدىنقى بىرنەچچە كۈندە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشى بىرقەدەر تېز بولدى. بۇنىڭغا قارىتا، ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر رۇي باۋلىڭ مۇنداق دېدى: بىر تەرەپتىن، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ قوزغىلىش قانۇنىيىتى بويىچە، بۇ قېتىمقى يېڭىدىن تارقالغان يۇقۇمدا ئەڭ دەسلەپكى يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار يوشۇرۇن مەزگىلدىن ئارقا - ئارقىدىن ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ياكى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىغا ئۆزگەردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى بايقالغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى «بىر تەرەپتىن تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈش - ئۆلچەش، بىر تەرەپتىن ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش» پرىنسىپى بويىچە تېز سۈرئەتتە كەسكىن، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، تارقىلىش يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ھەممىسىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈردى، بەزى ئاغرىق مىساللىرى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلۈشتىن ئىلگىرى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى سۈپىتىدە تەكشۈرۈپ چىقىلدى. بۇ قېتىمقى يۇقۇمنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاغرىق مىساللىرىنىڭ بىردەك بىر قېتىملىق يىغىلىش خاراكتېرلىك پائالىيەت بىلەن تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە باغلىنىشى بار بولۇپ، ئاشكارىلانغان ۋاقىتقا بىرلەشتۈرۈپ، ئەڭ دەسلەپكى يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە كېسەل قوزغالغان، دەسلەپكى ھۆكۈمگە قارىغاندا، ھازىرقى تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلار ئىچىدىن تەكشۈرۈپ چىقىلىدىغان ئاغرىق مىساللىرىدا تۆۋەنلەش يۈزلىنىشى كۆرۈلىدىكەن.

تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىكى ئەڭ مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى. رۇي باۋلىڭ مۇنداق دېدى: بۇ قېتىمقى يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچى شەھىرى تېزدىن تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش قوشۇنى تەشكىللەپ، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنى تەكشۈردى، يېقىندىن ئۇچراشقانلارنى ئىلغاپ تەكشۈردى، پەرقلەندۈردى ھەم تېببىي كۆزەتتى. قىزىغان ئاغرىقلارنى كېچىلەپ رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، بەلگىلەنگەن دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈردى. ھازىرغىچە قەدەر رەتكە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈپ چىقىلغان يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار بىردەك تېببىي كۆزىتىشنى قوبۇل قىلدى.

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى ئەۋەتكەن تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭى تېخنىكا، يېڭى ۋاسىتىلەردىن پائال پايدىلىنىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى ۋە مەنبەدىن تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلدى. ئۈرۈمچى شەھىرى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھازىر ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىساللىرىنى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنى تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش سالمىقىنى زورايتىپ، كۆپ خىل تەدبىرنى تەڭ قوللىنىپ، قاتلاممۇ قاتلام رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تېگى - تەكتىنى ئېنىقلاپ مەنبەدىن تەكشۈرۈپ، يۇقۇش مەنبەسى، تارقىلىش يوللىرىنى تېزدىن ئېنىقلاپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشى، يامرىشىنى قەتئىي توسىدۇ.